# قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەردە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش، مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىنى يولغا قويۇش ۋە تەكشۈرۈپ باھالاش كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى

( سىناق لايىھە)


ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى،
قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى



1998 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

# قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەردە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش، مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىنى يولغا قويۇش ۋە تەكشۈرۈپ باھالاش كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى

(سىناق لايىھە)

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مائارىپ فاڭجېن، سىياسەت، قانۇن - نىزاملىرى ھەمدە مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 5 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتى توغرىسىدىكى روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەرنى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇستەھكەم بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ۋىلايىتىمىزدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن بولغان ئەمەلىي كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا ھەمدە ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش ۋە سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ بۇ لايىھە تۈزۈپ چىقىلدى:

## 1. يېتەكچى ئىدىيە

مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، تارىخ قارىشى، مەدەنىيەت قارىشىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش؛ ئاتېئىزمنى تەشۋىق قىلىپ، پەن - تېخنىكا مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىش، خۇراپاتلىقنى سۈپۈرۈپ تاشلاش، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، مەكتەپلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش، ئادەم تەربىيىلەش مۇھىتىنى ساپلاشتۇرۇش، نىشانلىق، پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق، ئومۇميۈزلۈك ھالدا مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىنى يولغا قويۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تەلىم - تەربىيە ئوقۇتۇش سۈپىتى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

## 2. تەشكىلىي يولغا قويۇش ۋە تەكشۈرۈپ باھالاش

### 1) تەشكىلىي رەھبەرلىك

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش ۋە تەكشۈرۈپ باھالاش كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى (لايىھىسى) بولسا، ۋىلايىتىمىز بويىچە بىرلىككە كەلگەن يولغا قويۇش ۋە تەكشۈرۈپ باھالاشنىڭ ئاساسى، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى تۈرلۈك مەكتەپلەرنى، ناھىيە (شەھەر) لىك مائارىپ ئىدارە پارتكومى، مەمۇرىي ئورۇنلار تەشكىلىي يولغا قويىدۇ ۋە تەكشۈرۈپ باھالايدۇ. بىۋاستە قاراشلىق ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئوتتۇرا باشلانغۇچ، بالىلار باغچىلىرىنى مائارىپ خىزمەت كومىتېتى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش ئىشخانىسى، تەشۋىقات تەربىيە بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار تەشكىلىي يولغا قويىدۇ ۋە تەكشۈرۈپ باھالايدۇ. ۋىلايەتلىك مائارىپ خىزمەت كومىتېتى، مائارىپ خىزمەت كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مەمۇرىي مەھكىمە مۇپەتتىش ئىشخانىسى، مائارىپ كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى كەسپىي خادىملاردىن تەشكىللەنگەن ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىنى يولغا قويۇش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكى قۇرۇپ، قايتا باھالاش، ئارىلاپ باھالاش، تەكشۈرۈپ دەرىجىسىنى بېكىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدۇ.

تەكشۈرۈپ باھالاش ئۆمىكى ئالدى بىلەن لايىھىنىڭ يولغا قويۇلۇش جەريانىنى نازارەت قىلىپ ئىلگىرى سۈرۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لىك مائارىپ ئىدارىلىرى، بىۋاستە قاراشلىق ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەر يوللىغان، ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ تەكشۈرۈپ باھالاش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن ئارىلاپ قايتا باھالاپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، لايىھىنىڭ يولغا قويۇلۇش ۋە باھا بېرىش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۇتۇپ ياخشى ئىشلەيدۇ.

ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لىك مائارىپ ئىدارىلىرى، بىۋاستە قاراشلىق ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ، بالىلار باغچىلىرى چوقۇم مائارىپ خىزمەت كومىتېتى تۈزۈپ بېكىتكەن يولغا قويۇش لايىھىسى ۋە تەكشۈرۈپ باھالاش تەلىپىگە ئاساسەن، مەكتەپلەردە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى لازىم. ھەر قايسى مەكتەپلەر چوقۇم كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى بويىچە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىنى يولغا قويۇشى ھەمدە

كۆرسەتكۈچ سىستېمىسىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆزىنى - ئۆزى تەكشۈرۈپ باھالىشى، لايىھەنى يولغا قويۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇشى كېرەك.

2) باھالاش تەرتىپى

ئالدى بىلەن مەكتەپلەر مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنىڭ كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى (لايىھە) گە ئاساسەن، ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش ئاساسىدا ھەر بىر تۈر بويىچە ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈپ ۋە باھالاپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، كەم تەرەپلەرنى تەكشۈرۈپ تولۇقلاپ، ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈش ۋە باھالاش يەكۈنىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى دەرىجە بېكىتىپ نومۇر قويۇپ، ئالاقىدار ماتېرىيال، مەلۇمات جەدۋەللىرىنى تولدۇرۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى، ۋە پارتكومغا يوللاپ بېرىدۇ. مۇشۇ ئاساستا قايتا باھالاپ تەكشۈرۈپ، دەرىجىسىنى بېكىتكەندىن كېيىن ۋىلايەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدا رەسمىي ئېلان قىلىنىدۇ ھەمدە ئومۇملاشتۇرۇلغان ئەھۋاللار ۋىلايەتلىك مەركەزلىك تۈزەش ئىشخانىسىغا يوللاپ بېرىدۇ.

## 3. لايىھە (كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى) نىڭ مىقدارلاشتۇرۇلۇشى ۋە قوللىنىلىشى

1) مەزكۇر لايىھە 200 نومۇرلۇق بولۇپ باھالاش نەتىجىسىگە ئاساسەن تۆت دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ. 181 نومۇردىن 200 نومۇرغىچە بولسا 1 - دەرىجە بولىدۇ؛ 151 نومۇردىن 180 نومۇرغىچە بولسا 2 - دەرىجە بولىدۇ؛ 121 نومۇردىن 150 نومۇرغىچە بولسا 3 - دەرىجە بولىدۇ؛ 120 نومۇردىن تۆۋەن بولسا 4 - دەرىجە بولىدۇ ھەمدە كونكرېت يولغا قويۇش مەشغۇلاتى باھالاش ئۆلچىمى، نومۇر قويۇش چارىسى بەلگىلەندى.

2) كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى A، B، C دىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك كۆرسەتكۈچ ۋە باھالاشنى يولغا قويۇشتىكى مۇھىم ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە A دەرىجىلىك كۆرسەتكۈچ 5، B دەرىجىلىك كۆرسەتكۈچ 10، C دەرىجىلىك كۆرسەتكۈچ 20.

3) كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى ئالدى بىلەن مەكتەپلەرنىڭ مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى يولغا قويۇش لايىھىسى قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مىقدارلاشتۇرۇپ باھالاش لايىھىسى قىلىنىدۇ.

4) 1-، 2-، 3-، 4- دەرىجە قىلىپ باھالانغان مەكتەپلەرگە قارىتا مەڭگۈلۈك تۈزۈم قوللىنىلمايدۇ، ھەر مەۋسۇمدا بىر قېتىم قايتىدىن باھالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. تۆت مەۋسۇمدا ئۇدا 1- دەرىجە بولۇپ باھالانغان مەكتەپلەرنى ۋىلايەتلىك مائارىپ خىزمەت كومىتېتى ياكى ناھىيە (شەھەر) لىك مائارىپ ئىدارىسى تەقدىرلەيدۇ ھەمدە مەكتەپ پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ شۇجىسى (ياكى مەكتەپ مۇدىرى) نى مۇكاپاتلايدۇ. ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئالغا ئىلگىرىلىمىگەن، مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتى كۈچلۈك بولمىغان، لاياقەتسىز مەكتەپلەرنى (4- دەرىجە بولسا لاياقەتسىز بولىدۇ) ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئۇدا ئىككى قېتىم لاياقەتلىك ئۆلچىمىگە يېتەلمىگەن مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىرىگە قارىتا تەڭشەش ئېلىپ بارىدۇ، ئالماشتۇرىدۇ.

5) دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا زىيان سالىدىغان، دىنىي ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدىغان ئادەم ۋە ئىشلار يۈز بەرگەندە مەقسەتلىك يوشۇرغان، ساختىپەزلىك قىلغان، تەشكىللىنى ئالدىغان مەكتەپلەر بىردەك لاياقەتسىز بولىدۇ ھەمدە مەكتەپ رەھبىرى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

6) لايىھە ۋىلايەتنىڭ يېزا، بازار، مەيدانلارنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىكى بىر تۈرلۈك قاتتىق تەلەپ قىلىپ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى بىلەن بىر ۋاقىتتا باھالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر كۆرسەتكۈچ سىستېمىسىدا بەلگىلەنگەن لاياقەتلىك ئۆلچىمىگە يېتەلمىسە شۇ يېزا (بازار) نىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى بىر ئاۋاز بىلەن رەت قىلىنىدۇ.

7) مەزكۇر لايىھىنى يولغا قويۇش ۋە باھالاش ھەر يىلى يىل ئاخىرىدىكى ۋىلايەتلىك مائارىپ خىزمەت كومىتېتىنىڭ 12 ناھىيە (شەھەر) نىڭ مائارىپ خىزمىتىنى باھالاشتىكى بىر تۈرلۈك قاتتىق كۆرسەتكۈچ تەلىپى قىلىنىدۇ.

قوشۇمچە (1):

## دۆلەت بايرىقى ئالدىدىكى قەسەمنامە

1. ئوقۇتقۇچىلار قەسەمنامىسى

بىز شەرەپلىك خەلق ئوقۇتقۇچىسى، سوتسيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئىز - باسارلىرىنى تەربىيىلەش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز. بىز دېڭ شياۋپىڭ

نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرىمىز، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرىمىز، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرىمىز، ھەر قانداق دىنىي پائالىيەتكە ھەرگىز قاتناشمايمىز. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرىمىز، ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، تارىخ قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەيمىز، پارتىيىگە، ۋەتەنگە، خەلققە سادىق بولىمىز، بىلىم بېرىپ ئادەم تەربىيىلەيمىز، باشقىلارغا ئۈلگە بولىمىز، خىزمەت ئورنىمىزدا چىڭ تۇرۇپ خالىسانە تۆھپە قوشىمىز.

2. ئوقۇغۇچىلار قەسەمنامىسى (ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ)

بىز كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ ئىز - باسارلىرى، بىز ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، تارىخ قارىشى، مەدەنىيەت قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزىمىز، نادانلىق بىلەن خوشلىشىپ ئىلىم - پەننى ھۆرمەتلەيمىز، ھەر قانداق دىنىي پائالىيەتكە ھەرگىز قاتناشمايمىز، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرىمىز، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇچۇن ياخشى ئۆگىنىپ كۈنسېرى ئالغا باسىمىز.

3. ئوقۇغۇچىلار قەسەمنامىسى (ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپ)

بىز جەمئىيەتنىڭ تايانچلىرى، بىز يېڭى ئەسىرنىڭ تايانچلىرى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش بىزنىڭ شەرەپلىك تارىخىي بۇرچىمىز، بىز ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، تارىخ قارىشى ۋە مەدەنىيەت قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزىمىز، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرىمىز، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايمىز، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىمىز، خەلققە سادىق بولىمىز، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلىمىز، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، جەسۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەيمىز، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇچۇن ياشلىق باھارىمىزنى تەقدىم قىلىمىز.

قوشۇمچە (2):

## ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر سۆز - ھەرىكىتىدىكى يەتتىنى قىلماسلىق

1. دىنىي تەرغىب قىلماسلىق ۋە تارقاتماسلىق؛

2. دىنغا ئېتىقاد قىلىش ۋە دىنىي پائالىيەتكە قاتناشماسلىق؛
3. دىنىي تون كىيىش، ياغلىق ئارتىش، چاچنى يېيىپ يۈرۈش، ئۇزۇن ساقال قويۇشقا ئوخشاش غەيرىي ئادەتلەرنى قىلماسلىق؛
4. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولغان ئىشلارنى قىلماسلىق؛
5. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە پايدىسىز بولغان سۆزلەرنى قىلماسلىق؛
6. مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە قاتناشماسلىق؛
7. فېئودال خۇراپاتلىقنى تەرغىب قىلماسلىق؛

قوشۇمچە (3):

## ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سۆز - ھەرىكەت ئۆلچىمىدىكى يەتتىنى قىلماسلىق

1. ماركسىزملىق ئاتېئىزم تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلماسلىق؛
2. دىنغا ئېتىقاد قىلىش ۋە دىنىي پائالىيەتكە قاتناشماسلىق؛
3. دىنىي تونىنى كىيىش، ياغلىق ئارتىش، چاچنى يېيىپ يۈرۈش، ئۇزۇن ساقال قويۇشقا ئوخشاش غەيرىي ئادەتلەرنى قىلماسلىق؛
4. قانۇنسىز ئوقۇشلۇق ياكى دىنىي تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى ئوقۇماسلىق؛
5. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولغان ئىشلارنى قىلماسلىق؛
6. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە پايدىسىز بولغان سۆزلەرنى قىلماسلىق؛
7. مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە قاتناشماسلىق؛

قوشۇمچە (4):

## ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتكە قارشى تۇرۇشتىكى مەسئۇلىيىتى

1. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى:
1) ئوقۇتقۇچى چوقۇم خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇشى لازىم.
2) «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» دا

بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش لازىم.

3) ئوقۇغۇچىلارغا ماركسىزملىق «بەش قاراش» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش لازىم.

4) دىنغا ئىشەنمەسلىكى، دىنىي پائالىيەتكە قاتناشماسلىقى، ئاتېئىزمچىلاردىن بولۇشى لازىم.

5) باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشى، بىلىم بېرىپ ئادەم تەربىيىلىشى لازىم.

6) مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇشى لازىم.

7) مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى لازىم.

2. شۇجى (مەكتەپ مۇدىرى) نىڭ مەسئۇلىيىتى

1) دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەكتەپنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز - باسارلىرىنى تەربىيىلەيدىغان مۇستەھكەم بازا قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى لازىم.

2) مەكتەپنى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتكە قارشى تۇرىدىغان مۇستەھكەم بازا قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم.

3) سىياسىي مەيدانى مۇستەھكەم بولۇشى، بايرىقى روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتكە قارشى تۇرۇشى، مەكتەپنىڭ تۈزەش خىزمىتىگە ئومۇميۈزلۈك مەسئۇل بولۇشى لازىم.

4) ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارغا بولغان سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتنى ياخشى تۇتۇش لازىم.

5) مەكتەپنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، ئوقۇتۇشنى قاتتىق تۈزەپ، ياخشى بولغان مەكتەپ ئىستىلى، ئوقۇتۇش ئىستىلى ۋە ئۆگىنىش ئىستىلىنى تۇرغۇزۇش لازىم.

6) بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا «بەش قاراش» تەربىيىسى ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش لازىم.

باش تەھرىرى: ليۇ ۋېيگو

تەھرىر ھەيئىتى:

جاۋ شىنمىن
يې چاڭشىڭ
غەيرەت
ئادىل
ياڭ يوچىڭ
يولداشجان